# سېيىت نوچى

## (تارىخى داستان )

**يوللىغۇچى : ئەلى ئۇيغۇر ۋاقت : 2007-7-9 كۈنى**

قەشقەر خەلقىنىڭ پىغانلىق كۆز يېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئاققان تۈمەن دەرياسى بويىدا ، كوزىچى يار بېشى قويىندا سېيىت ئىسىملىك بىر ئەزىمەت بارلىققا كەلدى . ئۇ شىرنىڭكىدەك كەڭ كۆكرىكى ، يولۋاس تاپىنىدەك ئالقىنى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . تۆت دەرۋازىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى غېرىپ ـ غۇرۋا ، يېتىم يېسىرلار ئۇنى ئۆزىگە ئاشىنا بىلدى. ئۇ ئونبەش ياشقا بارغاندا تۆشۈك دەرۋازادا بىر ناۋايغا نىمكار بولۇپ كىردى .

ئەلگەك بىلەن ئۇن تاسقاپ ،

ئۆتمەكتە ئۆمۈر .

ئەتىگەندىن كەچكىچە ،

ئەيلەيمىز خېمىر .

خېمىر تاۋلاپ بولۇپتۇ ،

بىلەكلەر تۆمۈر .

سېيىت نوچى گىردىسى دەپ ،

داڭقىم يېيىلدى .

داستىخانغا دەرمان بولۇپ ،

ماختاپ يېيىلدى .

بۇ گىردىنى ھەرياققا ،

ئىلىپمۇ كەتتى .

ئالدى ئاقسۇ ، ئارقىسى

يەكەنگە يەتتى .

يىتىم -يىسىر باغرىنى ئۇ ،

ماكانى ئەتتى .

نەچچە يىلدىن نىمكار ئىشلەش

تەننى پىشۇردى .

بىلەكلەرگە دەرمان بىرىپ

قۇۋۋەت ئاشۇردى .

بوزەك قىلسا بەگ ـ غوجاملار

ئاجىز پۇقرانى .

قانداق چىداپ تۇرالايدۇ

سىيىت ۋىجدانى .

ئاگاھ بەردى سىيىت كۆپ رەت ،

هۆكۈمران بەگكە .

نەزەرگە هىچ ئىلمىغاندا

قىتىلدى سەپكە .

ئەلقىسسە ، ئايلار ئۆتتى ، يىللار ئۆتتى . سىيىت ئاخۇن گىلاۋخۇيچىلارغا قىتىلىپ سىيىت گاڭگۇڭ دەپ ئاتالدى . قان شورىغۇچ تىرىكتاپ بايلار ، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالدى . سىيىت نوچىنىڭ ئۇستىدىن دادلاپ ماتىتەي * نىڭ ئالدىغا بەگزادىلەرنىڭ ئەرىز -شىكايىتى ياغدى .

ئەمدى گەپنى سىيىت نوچىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاڭ :

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ

قاشىمغا چۈشتى .

تۈمەن سەۋدا بالالار

باشىمغا چۈشتى .

بولدى مېنىڭ يۆلەنچىم

گېلاۋخۇي ھاشىم *

چامباشلىقنى ئۈگەتتى ئۇ ،

جان - دوست ئاداشىم .

گېلاۋخۇيغا جەم بولدۇق ،

دارىنغا قارشى .

خىيانەتچى ، پارىخور

زالىمغا قارشى .

بەلنى باغلاپ يەك تۇرۇپ ،

كۆتۈردۇق غوۋغا .

مەيلى دىدۇق بىزنى باغلاپ ،

ئاسسىمۇ دارغا .

ھەر قەيەردە ئۆم بولۇپ ،

باشلىدۇق جىدەل ،

ئەل ئاغزىدا داڭقىمىز

بولۇپتۇ غەزەل .

قەشقىرىمدە ماتىتەي

يارلىق چۈشۈردى .

سېيىت نوچىنى تۇتۇڭلار دەپ ،

بۇيرۇق چۈشۈردى .

يوقىتىلدى گېلاۋخۇي

زىندانىدا ھاشىم .

زۇلۇم ، كۈلپەت قايىنىمىدا ،

قېلىپتۇر باشىم .

قەشقىرىمدە كۆن ئالماق ،

تەس بولدى ، كەتتىم .

ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ ،

ئاقسۇغا يەتتىم .

قەشقەردىنمۇ بەك غېرىپ ،

غورۋانە ئاقسۇ .

خاراپزارلىق ئوچىقى ،

ۋەيرانە ئاقسۇ .

راۋابىمنى ھەمراھ قىلىپ ،

يەتتىم كوچاغا .

ئالتە چېرىك بىر بولۇپ

ئالدى ئارىغا .

ئالتە چېرىك ئارىسىدا ،

شۇنچە مۇشتلاشتىم .

قارا شەھەر دەرۋازىسىنى ،

پەشۋادا ئاچتىم .

ئەمدى گەپنى قارا شەھەردىن ئاڭلايمىز :

ئەلقىسسە ، سىيىت گاڭگۇڭ قاراشەھەرنىڭ بىقىنىدىكى ، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قېشىدىكى ، دەريانىڭ ئېقىنىدىكى خوجۇلۇق بونجالىققا كېلىپ راۋابىنى ئالدى ، زەخمەك ئۇرۇپ تارىغا شۇنداق لەرزان چالدى ،تەرەپ- تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جاپاكەش ، مۇساپىر - ھوجاۋىرلار ئۇنىڭ قولىغا قاراپ قالدى . راۋاپ ئاۋازى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت سالدى .

بىر چاغدا سىيىت نوچى شۇنداق قاراپلا ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر پارچە قارا بۇلۇتنى كۆردى . سىيىت ئاخۇن دىدىكى : بۇ خۇدانىڭ كارامىتىمۇ يا ئەزرائىلنىڭ مالامىتىمۇ ؟ ياكى بىر كاساپەتنىڭ ئالامىتىمۇ ؟ ... سىيىت ئاخۇن سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا ، كېلىۋاتقىنى قارا بۇلۇت ئەمەس ، ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ ئىكەن . ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قاراشەھەرگە نامى يۇر كەتكەن بىر زالىمنىڭ بالىسى پور بايۋەتچە دېگەن چۇلە - زاڭ ئىكەن ، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى ، پوچىلىقى پۈتۈن قارا شەھەرگە داڭ ئىكەن .

پۇقرالار دىدىكى : ھەي سىيىت نوچى ، سىيىت گاڭگۇڭ ! ئالدىڭدىكى ئاتلىق پور بايۋەتچىدۇر ، خۇمسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر ، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى قىرىق نەچچىدۇر ، ئۇنىڭ يۆلەك - پاناھى چوڭ ، خەلق ئالدىدا گۇناھى چوڭ ، ئۆزىنى شىر سانايدۇ ، نوچىلىقتىن تەمەيى چوڭ . ئۇنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن مۇتىھەم لالما ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئېلىشىپ قالما ، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ سالما ، بەل تۇتۇشساڭ دەس كۆتۈر ، يانپېشىڭغا ئالما !

سىيىت نوچى شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ، پور بايۋەتچىنىڭ بىر قولىدا تىزگىن ، بىر قولىدا قامچا ، كەينىدە ئون نەچچە چېرىك غالچا ، غالچىلار قولىدا نەيزە ، كالتەك ، ئارغامچا .

پور بايۋەتچە سىيىت ئاخۇنغا قاراپ دېۋەيلەپ ، ئۆز- ئۆزىچە كۆرەڭلەپ ، نىمە دەيدۇ قېنى ، قامچىسىنى تەڭلەپ :

قەيەرلىكسەن ، نەلىكسەن ؟

ئاتىڭنى سۆزلە .

راۋاپ ـ زەخمەك قولۇڭدا ،
زاتىڭنى سۆزلە .
ئاياغىمغا باش قويۇپ ،
دادىڭنى سۆزلە .
قەيەرلىكسەن ، قەلەندەر ،
دىۋانىمۇسەن ؟
يا بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ،
سەرسانىمۇسەن ؟
ۋە يا دەچەن دەردىدە ،
ئاۋارىمۇسەن ؟
ياكى ئوغرى ـ بۇلاڭچى ،
قاراقچىمۇسەن ؟
قانداق غەرەزدە كەلدىڭ ،
هالىڭنى سۆزلە .

سېيىت ئاخۇن بۇ هاقارەتنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، كېلىشكەن قاپقارا بۇرۇتىنى بىر تولغاپ قويۇپ ، نىمەدەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دەڭلار !

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ـــ
سېپىل تېشىدىن .
شېرىن شەربەت سۈيى بار ،
تۈمەن قېشىدىن .
خۇمدانچىلار مەلىسى ـــ

كوزىچى يار بېشىدىن

چىققان سېيىت ئىسمىلىك —

پېقىر يىگىتمەن .

كىچىكىگە كىچىكمەن ،

چوڭىغا چوڭمەن .

پىششىقىغا پىششىقمەن ،

توڭىغا توڭمەن .

تەتۈرىگە تەتۈرمەن ،

ئوڭىغا ئوڭمەن .

مىسكىنلەرنىڭ مۇڭدىشى ،

ئامراق يىگىتمەن .

ئالداشنىمۇ ئۇقمايمەن .

رەمال ئەمەسمەن .

يا قەلەندەر - دىۋانە ،

ئابدال ئەمەسمەن .

خەقنى ئۇرۇپ - سوقمايمەن ،

ئامبال ئەمەسمەن .

يامىنىدىن قورقمايمەن ،

چەبدەس يىگىتمەن .

نەگە بارسام ھەمرايىم ،

مېنىڭ راۋابىم .

چالسام سازىم ، مادارىم ،

قىلسام تاۋابىم .

بىلمەك بولسام شۇ ساڭا ،

سۆزۈ جاۋابىم .

ئەزىزانە قەشقەردىن ،

چىققان سېيىتمەن .

پور بايۋەتچە دىدىكى : ئەي يۇرت ـ ماكانى يوق هارامزادە ، مەن بولسام ئارزۇلۇق بەگزادە ، كىيىم سەرپايىلىرىم ئازادە ، بەخت ـ دۆلەتتە ماڭا هەرقانداق شاهزادە ، مەن بولسام قاراشەهەردە ئاتالغان گاڭگۆڭمەن ، نامۇ شۆهرەتتە رۇستەمى داستاندىن چوڭمەن . قېنى كۈچ سىنىشايلى ، بىر قەپەس ئېلىشايلى . گاڭگۆڭ بولساڭ مەيدانغا چۈش ، چېلىشايلى .

سېيىت نوچى دىدىكى : سەندىن قورقۇنچ ، دىشۋارىم يوق . ساڭا ئاتار پەشۋارىم يوق . بىر پەس ئارام ئالغىلى قوي ، ئىككى پەدە چالغىلى قوي .

پور بايۋەتچە دىدىكى : پۇراپ باقساڭ مۇشتۇمنى ، يوقىتىسەن هۇشۇڭنى ، بىر مۇشت بىلەن سېستاي جىگىرىڭنى ـ گۆشۇڭنى ، باش ئۇستۇڭگە قوندۇراي ، ئەجەل ماتەم قۇشۇڭنى !

پور بايۋەتچە شۇ سۆزلەردىن كېيىن سېيىت نوچىغا شۇنداق بىر مۇشت ئاتتى . مۇشتى قاڭقىپ كېتىپ ئۆزى ئېغىناپ بىر ئازگالدا ياتتى ، زەي ـپاتقاقتا پاتتى . شۇ ئىزاغا چىدالمىغان پور بايۋەتچە سېيىت گاڭگۆڭغا شۇنداق بىر پەشۋا ئاتقانىدى ، بايۋەتچىنىڭ پۇتلىرى سېقىراپ كەتتى ، كاللىسى پېقىراپ كەتتى ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ۋاي پۇتۇم ! دەپ چىرقىراپ كەتتى ، ئۇنى بوغۇلۇپ خىرقىراپ كەتتى . يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ ، توۋا قىلسا كۆڭلى قويماپتۇ دېگەندەك ، پور بايۋەتچە پۇتۇن كۈچىنى كاللىسىغا يىغىپ سېيىت نوچىنىڭ مەيدىسىگە شۇنداق ئۇستىكى ، بايۋەتچىنىڭ باش ـ كۆزى زىڭىلداپ كەتتى ، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى ، پېشانىسى هۆررەكلەپ سېسىق تۇخۇمدەك لىغىرلاپ كەتتى . بايۋەتچىنىڭ بېشى دوقىدىن ئۆتۈپ سوقىغا ئايلىنىپ كەتتى . خەلقى ئالەم ئالدىدا يۈزى تۆكۈلگەن ، قەددى پۈكۈلگەن ، يۈرەك چېكى سۆكۈلگەن پور بايۋەتچىنىڭ جېنى بوغۇزىغا قاپلاشتى ، سېيىت گاڭگۆڭنىڭ ياقىسىغا كانىدەك

چاپلاشتى . هەي سېھىرگەي گاداي ! ئۆزۈڭگە سۇرە ئەپسۇننى ئۇربۇاپسەن ، ئادەم سىياقىغا كىربۇاپسەن . يۇر يامۇلغا ، مەن شۇ يەردە سىرىڭنى ئاچاي ، باش ـ كۆزۈڭگە ئەدەپ دورىسى چاچاي ......!

سىيىت نوچى دىدىكى : مەرتەم ـ مەرتەم ئۇچ مەرتەم ئىدى . بۇنى ئۇقمايسەن . ئۇچ نۆۋەتنى ساڭا بەرسەم ئۆزۈڭنى سورىمايسەن ، ئاستا دىسەم بەك دەيسەن ، داپقا چۈشكەن مايافتەك سەكرەيسەن ، كۆرۈپ باق مېنىڭ كارامىتىمنى !

سېيىت نوچى پور بايۇەتچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇنداق بىر كۆتۈرىۋىدى ، ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كۆتەكتەك ، پاشىنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يۇلۇنۇپ چىقتى . سېيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇىدى ، ئەيىۇھەنناس ! چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس ، پىر ـ پىر ـپىر ......!!! سېيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى ، پور بايۇەتچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك ، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك ، كۆزدىن ئاققان ياشتەك ، تۈز قوينىغان ئاشتەك ، قىلىچ ئۇگەن باشتەك ، دەريانىڭ قاق ئوتتۇرسىغا چۈشتى .

ئەمدى گەپنى قاراشەھەر ئامباللىرىدىن ئاڭلايمىز : چېرىكلەر پور بايۇەتچىنى دەريادىن سۇزۇۋېلىشتى ، ئۆزلىرىنىمۇ ئازراق تۇزۇۋېلىشتى . دىيىشتىلەركى : سېيىت نوچى تولىمۇ قارام ئىكەن ، ئۇنىڭ خۇسۇسىدا بۆلەكچە ئويلاش هارام ئىكەن ، كۈچ تۇرقىدا كۆڭلى ئارام ئىكەن ، كەمبەغەل پۇقرالار ئۇنىڭغا رام ئىكەن ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشساق بىزگە خوۋلۇق بولماس ، چىرايلىقچە سوۋغا ـ سالام تارتۇق قىلىپ ، بەزىسىنى ئارتۇق قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپ ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇ زىياننى پۇقرالارغا چېچىپ بىرنى ئون قىلىپ ئۇندۇرۇالساق .

بۇ يامان نىيەتلىك غەرەزدىن سېيىت ئاخۇن تامامەن بىخەۋەر ئىدى . ئەتىسى ئۇلار قاراشەھەر ئېتىدىن بىرنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتۇپ : هەي سېيىت نوچى ، سېيىت گاڭگۇك ! باللار سېنى رەنجىتىپ قويغان بولسا بىز ناماقۇل ، سەپىرىڭدىن يانمىساڭ ، شەھىرىمىزدە ئۇزاق تۇرۇپ قالمىساڭ دىيىشتى .

سىيىت ئاخۇن بولىدۇ دەپ جاۋاپ بىرىپ ، يارۇ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاتقا بىر قامچا سالدى ، ئىلىئوغا قاراپ يول ئالدى :

ئىلىخوغا بارماڭلار ،
يولى خەتەردۇر .
زىمىستان قىش نەشتىرى
جاندىن ئۆتەدۇر .
مۇساپىرلار دەرتمەنلەر
يولدا ياتادۇر .
ئۆز يۇرتىنى ياد ئىتىپ ،
غەمگە پاتادۇر .
ئىلخوغا مەن بىرىپ ،
قالدىم بالاغا .
ياغاق يۇزلۇك چىرىكلەر
ئالدى ئاراغا .
ئالتىسىنىڭ سۇندۇرۇپ
ئۇتتۇر چىشىنى .
پەشۋا بىلەن مۇش بىلەن
ياردىم بىشىنى .
ئىلى دەريا بويىدا
چالدىم راۋاپنى .
جالاس ئەتتىم قۇل ـ يىتىمنى ،
تاپتىم ساۋاپنى .

قۇل ـ يىتىمنىڭ ياتقان يېرى
پىتلىق ئاۋاختا .
قۇل- يىتىمغا ئاش بېرەركەن
سۇنۇق تاۋاقتا .
ئاۋاختىنى ئاي يورۇقى ،
ئايدىڭدا چاقتىم .
قوش قولۇمنى قېيىق قىلىپ
دەريادا ئاقتىم .

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا ،
كۈنلەر چۈشتى باشىمغا .
ئەرزىمنى بايان ئەيلەي ،
يارۇ دوست قاياشىمغا .
ئەزىزانە قەشقەردە
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بويۇم بار .
شەھەر كۆرۈپ يۇرت كۆرمەك ،
ئىچكە تولغان ئويۇم بار .
شەمۇشەنى ئايلىنىپ
ئۈچتۇرپانغا كېپقالدىم .
قولغا ئېلىپ راۋاپنى ،
ھەر پەدىگە چېپقالدىم ...
ئۈچتۇرپانلىق كۆڭلىگە
سېيىت ئاخۇن يېقىپ قالدى .

ياقا يۇرتلۇق بولسامۇ
سۆزلىرىم ئېقىپ قالدى .
يەتتى بولۇڭ پۇشقاقتا
يېيىلىپتۇ ئاتىقىم .
يول– يول ئىكەن ھەر ياقتا ،
ئەل -يۇرت بولدى ياتىقىم .
خالايىقلار دەر ئىدى :
سېيىت نوچى كەلگۈسى .
ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىكى ،
ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ......
نائەھلىلەر شۇ كەمدە ،
ئىچى ئاداپ ھالىمغا .
تۆھمەت توقۇپ ئۇستۇمدىن ،
ئەرىز قىپتۇ دارىنغا :
سېيىت يۇرتنى ئازدۇردى ،
ئوغرىلارنى جەم قىلىپ .
سىزگە ئورا قازدۇردى ،
بۇ يۇرتقا بالا تېرىپ .
ئۇنى يوقىتىڭ دەرھال ،
تۇخۇمى قۇرۇپ كەتسۇن .
ئۇ ياڭتۆش غوۋغاچى ،
يەر يۇتۇپ چىرىپ كەتسۇن .....

يالپاق بۇرۇن دوتەينىڭ ،
رەڭگىرويى ئۆڭۈپتۇ .
سېيىت توغۇرلۇق خىيالى ،
ھەر كوچىغا مېڭىپتۇ .

ھەممىگە ئايان بولغايكى ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى ما شاۋۋۇ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ دوتيى بولۇپ ، گېلاۋخۇيچىلارنى يوقىتىشتا داڭق چىقارغان چوڭ جاللات ئىدى . شۇ چاغدىن باشلاپ سېيىت نوچىنى تونۇيتتى . بىراق قەشقەردىكى چېغىدا سېيىت نوچىنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى . گاڭگۇڭنىڭ تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى . لېكىن ، ئۇ ئۇچتۇرپاندا سېيىت نوچىنى جايلىۋېتىشكە مۇمكىن ئەمەسلىگىنى بىلەتتى . بۆلارنى ئويلاپ يەتكەن بۇ ھىلىگەر يېڭى خىزمەت ئارقىلىق خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەك خىيالىدا سېيىت نوچىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كويىغا چۈشۈپ ،كونا ھۈنۈرىنى ئىشقا سالدى :

ھەي نوچى سېيىت گاڭگۇڭ ،
ئۇچتۇرپانغا خۇش كەپسەن .
مەن كۆرۈپ دىدارىڭنى ،
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن .
تەڭ كەچكەن ئەمەسمىدۇق ،
تۈمەن دەريا بويىنى .
تەڭ ئىچكەن ئەمەسمىدۇق ،
ئۇنىڭ شەربەت سۈيىنى .
تەڭ ئاڭلاپ ئەمەسمىدۇق ،
ھېيىت ـ ئايەم كۈيىنى .

بىللە كۆرۈپ كەلگەن بىز ،
ئەزىز قەشقەر باغرىنى .
ھېيىت ـ ئايەمدە تەڭ ئاڭلاپ ،
كانەي ، سۇناي ، ناغرىنى .
قەشقەرلىكنى كۆرگەندە
تەنگە سىغماي كېتىمەن .
داستىخان سېلىپ ئالدىغا ،
ئىززەت ـ ئېكرام ئېتىمەن .
ھەي نوچى سېيىت گاڭگۇڭ ،
يۇرسەڭ ، ئوردىغا بارساڭ .
ئۇستىخىنىڭ چۇشۇپ قالسا ،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالساڭ .
ماقۇل سېيىت نوچى ،
ئوردىدا تۇرۇپ قاپتۇ .
پۇۋۋلەپ يەل بېرىش ، ماختاش ،
جايىغا بېرىپ قاپتۇ .
ئاق تەڭگە بىلەن چوكان ،
كۆنمۇكۆن كېلىپ قاپتۇ .
يالپاق بۇرۇن ما دارېن ،
ھەر ياڭزا كۈلۈپ قاپتۇ .
ئاي ، يىللار ئۆتۈپ مەزگىل ،
بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ .

شۇنداق بىر كۈن ئىچىدە ،
سېيىت نوچى چۈشىدە ،
ئانىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ .
قەشقەرگە كېتەيىن دەپ ،
مىسكىن ئانا قېشىغا ،
پات بېرىپ يېتەيىن دەپ ،
قېرىغان چېغى يېنىدا ،
خىزمەت قىلىپ ئۆتەيىن دەپ .
ئۆز قولىدىن ئېشىنى ،
بىر قوشۇق ئىچەيىن دەپ .
مانا شۇنداق ئويلاپتۇ ،
ئۆي بويىنى بويلاپتۇ .
دارىن ئالدىغا كىرىپ ،
ئىجازەتمۇ سوراپتۇ .

ئەلقىسسە ، سېيىت نوچى شۇ كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن ما دارىننىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئەرزىنى بايان قىلدى :

قوي ئىزدەر قوزاسىنى ،
قوزىمۇ ئاناسىنى .
هاۋادىكى قۇشلارمۇ ،
سېغىنار ئۇۋاسىنى .
سېغىندىم يۇرەك ـ دىلدىن ،

ئانام مېھرىبانىمنى .
سېغىندىم ـــ ئېتى مەمەت ،
ئۆكامنى ـــ غەمگۇزارىمنى .
تۇمەن دەريا سۇيىدىن ،
تويغىچە يۇتاي دەيمەن .
غەمگۇزارىم ئانامنىڭ ،
ئالدىدا ئۆتەي دەيمەن .
يار بېشىدا ئولتۇرۇپ ،
راۋابىم چالاي دەيمەن .
غېرىپ ـ غۇرۋا يارەننىڭ
كۆڭلىنى ئالاي دەيمەن .
قەشقەرگە باراي دەيمەن ،
مېھرىگە قاناي دەيمەن .
ما دارېن ئىجازەت بەر ،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن .

ما دارېن شۇنداق جاۋاپ بەردى :

ئىجازەت بېرەي دىسەم ،
مەن ساڭا چىدالمايمەن .
باشتىلا دىمەيمىدىم ،
سەندىن ئايرىلالمايمەن .
ئىجازەت بېرەي ، گاڭگۇك ،

چارەم يوق بۆلەك ياڭزا .

يوللۇقۇم بېرەي ياچەن ،

تېخى بىر چىلىم غاڭزا .

يالغۇز ئانىغا سەندەك ،

جان كۆيەر ئوغۇل لازىم .

ئالدىغا بېرىپ دەرھال ،

ئاڭا ئەيلىگىن تەزىم .

قەشقەردىكى تىتەيگە

خەت يېزىپ بېرەي ئەكەت .

جەتنى كۆرسە ما تىتەي ،

دەيدۇ ساڭا كۆپ رەھمەت .

سەن ئۆزۈڭ سېيىت گاڭگۈڭ ،

قىلدىڭ بىزگە كۆپ خىزمەت .

ئەجرىڭ قەدرىگە لايىق ،

مەنمۇ بىلدۈرەي ئىززەت .

بۇ خېتىمنى ئاپىرىپ ،

بەر تىتەيىنىڭ ئۆزىگە .

سېنى باشلىق قىپ قويار ،

تۆت دەرۋازىنىڭ بىرىگە ،

باشلىق بولۇپ شۇندا سەن ،

ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتەرسەن .

گاڭگۈڭ نامىڭغا لايىق ،

مۇرادىڭغا يېتەرسەن .
بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ ،
ئىچىمگە سېلىپ ئوتنى .
ئەتە يولغا چىق گاڭگۇڭ ،
تەييارلاپ قوياي خەتنى .

ئەلقىسسە ، ما دارىن ئۇخلىماي خېتىنى يازدى ، گاڭگۇڭنىڭ ھايات يولىغا ئەجەل خەندىكى قازدى . ئەتىسى سېيىت نوچى بۇ خەتنى ئېلىپ ، قويىنىغا قاتلاپ سېلىپ ، دارىن ئالدىدىن چىقىپ جاپاكەش يۇقىرالارغا تويماي بېقىپ ، يۈرىكى شامدەك ئېقىپ شۇنداق دىدى :

خوش بۇرادەر ، يارەنلەر ،
بىللە ئويناپ ئۆتكەنلەر .
ئۆزرەمنى ئېيتىپ قالاي ،
قەشقەرگە كېتىپ قالاي .
داغى پەرزەنت ئانامنىڭ ،
قان قېرىنداش ئۇكامنىڭ ،
مېھرىگە قېنىۋالاي .
قىلغان بىگلسام مەنمەنلىك ،
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك ،
كەچۈرۈڭلار ، يۇرتداشلار ،
خەير ـ خوش ، قېرىنداشلار .

ئەلقىسسە ، سېيىت نوچى يار - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى . ئۇچتۇرپاندىن ئۆزاپ كەتكەندە ، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇقىغا يەتكەندە نوچىنىڭ ئېتى شورلۇق يەرگە پاتتى . سېيىت نوچى ئاتتىن چۈشۈپ كۆتۈرۈپ تارتتى . تۇز ئارىتقان ئېشىكنى ھەيدەپ پاتقاقتىن ئامان چىققان بىر تۇزچى بوۋاي بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . سېيىت نوچىغا ياردەملىشىپ ئاتنى تارتىۋالدى . تۇزچى بوۋاي ئېيتتىكى :

ئوغلۇم سېنىڭ چىرايىڭ ،
زەپمۇ ئىللىق كۆرۈندى .
ئېتىڭ پېتىپ شورلۇققا ،
جەۋپېتىن خەتەر بىلىندى .
سەپىرىڭدىن بىر گۇمان ،
ئايان بولدى كۆڭلۈمگە .
مەنزىلىڭگە يەتكۈچە ،
ئاگاھ بولغىن ئۆزۈڭگە .
ئېيىتقىن نىمە قىسمەت بار ؟
سەپىرىڭدە ، ئىشىڭدا ،
ئۆتكەن قانداق خىسلەت بار ؟
سېنىڭ مىسكىن بېشىڭدا .

ئەلقىسسە ، سېيىت نوچى تۇزچى بوۋايغا سەرگۈزەشتىلىرىنى ھىكايە قىلىپ بەردى . ما دارېنىنىڭ خېتىنى قوينىدىن ئېلىپ پوتىسىغا مەھكەم تۈگدى .

تۇزچى بوۋاي ئېيتتىكى :

ـــھەي ئوغلۇم ، ئۇشبۇ خەتنى يېنىڭدا ساقلاپ يۈردۈڭمۇ ؟ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆردۈڭمۇ ؟ بۇ زامانىنىڭ

ئامباللىرىدا ئىنساپ قالمىدى . نادانلىق قىلىپ ، تەۋەككۈل كەمىرىدە بېلىڭنى باغلىما ، دارېنىڭ خېتىنى سەل چاغلىما ، پالاكەت باسمىسۇن سېنى ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ باقايلى قېنى .

سېيىت نوچى ئېيتتىكى :

ئامانەتكە خىيانەت ،

نامەرد ئىشىدۇر .

پالاكەتنىڭ ئامرىقى ،

قورققاق كىشىدۇر .

ھاياتىمدا نامەرتلىك

قىلغان ئەمەسمەن .

جاننى ئالتۇن ــ كۈمۈشكە ،

ساتقان ئەمەسمەن .

كەلسە ئەجەل ناۋادا ،

جاننى ئالادۇر .

سۆلار ئېقىپ ئاستىدا ،

تاشلار قالادۇر .

قەشقىرىمدا يارەن كۆپ ،

يالغۇز ئەمەسمەن .

كىمكى قىلسا يامانلىق ،

ئادەم دىمەسمەن .

تۇرچى بوۋاي ئېيتتىكى : خەير ، ئوغلۇم ، ساڭا ئاقىول بولسۇن ، خەۋپ ـ خەتەر سەندىن يىراق تۇرسۇن . دۈشمىنىڭ قان قۇسۇپ ئۆلسۇن ، دوستلىرىڭ شاد ـ خورام كۈلسۇن .

ئەلقىسسە ، سېيىت نوچى تۇزچى بوۋاي بىلەن خەيرلىشىپ ئېتىغا يەنە مىندى ، ئالغا قاراپ يول يۈردى . يولنى كۆپ بېسىپ ، كۆرگەنلا يەردە كىشىلەر قازان ئېسىپ ، ئاخىر دەمدە قەشقەرگە يېتىپ باردى . قان - ياش ئاقار تۇمەن دەرياسى بىلەن كۆزىچى يار بېشىنى كۆردى .

سېيىت نوچى دىگەن گاڭگۇڭ ،

دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقسا .

ئانا مېھرىنىڭ شامى ،

باغرىدا ئېرىپ ئاقسا .

ھەر ياقتىن خاراپ يۇرتى ،

ھەسرەت ئوتىنى ياقسا .

تۇمەن تولغۇدەك قان - ياش ،

تۇرماي تامچىلاپ ئاقسا .

ياش قۇيغان كۆزلەر بىرلە ،

تويماي ھەر تامان باقسا ،

ئىشىككە كېلىپ قاقسا ،

ئىشىك تاقىلىپ قاپتۇ ،

چىراغمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ .

ئانىسى غېرىپ مەزلۇم ،

ئاھ . . . چېكىپ يېتىپ قاپتۇ ،

غەملەرگە پېتىپ قاپتۇ ،

ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ .

جان ئانا ... جېنىم ئانا ....

دەپتۇ سۆزىنى باشلاپ .

ئاڭلىتالماي ئۆگزىگە ،
قوشلاپ چالمىنى تاشلاپ .
يەنە تەكرار توۋلاپتۇ ،
بوتىلاقتەك بوزلاپتۇ .
جاراھەتلىك باغرىنى ،
ھەسرەتلىرى تۇزلاپتۇ ،
توۋلاشلىرى تېزلەپتۇ .
ئاخىر ئاڭلاپ ئانىسى ،
يائىدۇرۇپتۇ چىراغنى .
ئويلاپ يېقىن - يىراقنى ،
ئىچىنى خىيال ئوراپتۇ ،
كىملىكىنى سوراپتۇ .
جان ئانا ، جېنىم ئانا
دېگەن بىر سادا كەلدى .
ئىشىكنى ئاچ ، جان ئانا ،
مۇساپىر بالاڭ كەلدى .

شۇ سۆز بىلەن ئانىسى ،
ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلىپ ،
سۆزگە قان - ياش قېتىلىپ .
بويىنىغا گىرە سېلىپ ،
ھارماڭ ، بالىكام دەپتۇ .
يىرتىق دەستىخان ئېچىلىپ ،

گۈلە قاقلار چېچىلىپ ،
ھىجىردا چاي ئىچىلىپ ،
ئۆيگە ئادەم تولۇپتۇ ،
تۇنمۇ تامام بولۇپتۇ .
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ،
مەزىن ئەزان ئېيتقاندا ،
سېيىت نوچى جامەدە
جامائەتنى كۆرۈپتۇ .
يىغلاپتۇ ھەم كۈلۈپتۇ .

ئۆيگە قايتىپ كېلىپتۇ ،
ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ .
پەستە تۇرۇپ قول باغلاپ ،
چاپان كىيىپ بەل باغلاپ ،
ئانىسىغا خۇش قاراپ ،
شۇنداق بىر سۆز قىلىپتۇ .
مەن يامۇلغا كىرەيمەن ،
ما تىتەينى كۆرەيمەن .
ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ،
ھۆرمەت سالام بېرەيمەن .
سوڭرە ئامانەت خەتنى ،
ئۆز قولىغا بېرەيمەن .
شۇنداق دەپ سېيىت ئاخۇن ،

ئىجازەتىنىمۇ ئاپتۇ .
خۇداغا ئامانەت دەپ ،
ئانا ئىشىكتە قاپتۇ .

خەتنى ئوقۇپ ما تىتەي ،
باشنى ئاستا چايقاپتۇ .
يۇمشاق كۆلكىدىن نوچى ،
ھەر ئەھۋالنى بايقاپتۇ .
شۇندا تۇزچى بوۋاينى ،
دەررۇ يادىغا ئاپتۇ .
شۇ ئوي ، شۇ خىيال بىرلە ،
تىتەيگە قاراپ قاپتۇ .
سۆگرە سۆزلەپ ما تىتەي ،
ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك دەپتۇ .
ئۈچ كىيىن يامۇلغا
سەن ئۆزەڭلا كەل دەپتۇ .
بىز كىڭەشنى پۈتتۈرسەك ،
پىشانەڭگە يېزىلغان
كارامەتنى كۆر دەپتۇ .

ئۈچىنچى كۈن سىيىت ئاخۇن ،
ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ .
چۈشىدە تېخى شۇنچە ،

نۇرغۇنلا ئىش كۆرۈپتۇ :
چوڭ يولدا كېتىپ بېرىپ ،
قارا ئېتىنى كۆرۈپتۇ ،
ئويغىنىپ ئۇ ئويلاپتۇ ،
باش - ئاياغدىن ئويىنى .
دەرھال بېرىپ ھامامغا ،
سۇغا سۈپتۇ بويىنى .
ئانىسىغا سۆز قوشۇپ ،
دەپتۇ : سەندىن سورايمەن .
بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن ،
ئاپاق غوجامغا چىقىپ ،
ناماز ئوقۇپ كىرەيمەن .
ئانا بېرىپ ئىجازەت ،
ئىشىك تۈۋىدە قاپتۇ .
دۇئا بىرلە سېيىت ئاخۇن ،
ھەزرەت ياققا يول ئاپتۇ ...
ئاڭلىناتتى ھەر ياقتىن ،
دەرت - ئەلەم ، پىغان زارى ،
تاشۋايدەك راۋاپچىنىڭ ،
ئۈزۈلگەن يۈرەك تارى .
ئۈجمىلىك باغ ئەتراپى ،
ئايلىنىپتۇ مازارغا .

يالىڭاچ تەن ، يوقسۇللار ،
چىقالماپتۇ بازارغا
ئارىلاپ سېيىت نوچى ،
كۆردى ئەلنىڭ ھالىنى ،
بۇلاپ ئالغان ئاچ كۆزلەر ،
يۇرتنىڭ بار - يوق مالىنى .
كۆزى چۈشتى ھەر يەردە ،
ياخشى بىلەن يامانغا .
يۈرىكىدە ئوتياندى ،
لەنەت ئوقۇپ زامانغا .
ھەممە يۇرتتا خار پۇقرا .
دەرت ئەلەمگە يار پۇقرا .
قان يىغلايدۇ ھەسرەتتە ،
بۇردا نانغا زار پۇقرا .
ئاھ ... خۇدايا ، ئالەمنى ،
ئۆزۈڭ ئالغان ھۆددەڭگە .
رەھىم - شەپقەت قىلساڭچۇ ،
بىزدەك مىسكىن بەندەڭگە .
ئالىمىڭنى كەڭ قىلىپ ،
زامانەڭنى تار قىپسەن .
ئادىمىڭنى ئەلەملەپ ،
ئىت - ئېشەكتەك خار قىپسەن .

شاپائەت قىل قەشقەرگە ،
شەپقىتىڭنى ياغقۇزغىن .
قانغا تويماس زالىمنى ،
ئۆزۈڭ زاۋال تاپقۇزغىن .
سېيىت نوچى ھەر يەردە ،
يىرتىق چاپان ، تون كۆردى .
تونىنى بويلاپ تۆكۈلگەن ،
لەختە ـ لەختە خۇن كۆردى .
يۈرەك باغرى ئۆرتىنىپ ،
كاۋاپ بولۇپ ياناتتى .
ساماۋاردا ئولتۇرۇپ ،
ئىچ قارنىنى تولدۇرۇپ ،
ئەل ـ يۇرت بىلەن مۇڭدىشىپ ،
دىدارىغا قاناتتى .
ساماۋارنىڭ چۆرىسى ،
ئادەم بىلەن لىق تولغان .
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق قەشقەرلىك ،
ئەتراپىغا جەم بولغان .
چىقىپ كەپتۇ بىر چاغدا ،
بىر توپ چېرىك ئات بىلەن .
يارلىق ئېلىپ يامۇلدىن ،
تىتەي يازغان خەت بىلەن ،

چېرىك سالام بېرىپتۇ ،
قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ .
سېيىت ئۇقۇپ ئەھۋالنى ،
دەرھال يولغا يۈرۈپتۇ .
دوست - يارەنلەر ئەگىشىپ ،
تولىسى گەپ تەگىشىپ ،
يۈرگەندە تېز يۈرۈپتۇ .
كۆپ خىياللار سۈرۈپتۇ .
تۈندە كۆرگەن چۈشىنى ،
يول توسقان قارا ئىتنى ،
قانچە تەكرار كۆرۈپتۇ .
شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ،
قارىغا * سۇ بەرگەندە ،
كۈسۈلدىشىپ چېرىكلەر ،
سۆشلەشكەننى كۆرگەندە ،
نىمە گەپ دەپ ؟ دەپ سوراپتۇ ،
جاۋابىنى تىڭشاپتۇ .
باغلاپ ئەكىر دېگەننى ،
چېرىكلەردىن ئاڭلاپتۇ ،
ئاڭلاپتۇ - دە دەرھاللا ،
ئۆز - ئۆزىنى ئوڭلاپتۇ .
بەلنى مەھكەم باغلاپتۇ .

باغلاڭلار دەپ قولىنى ،

ئارقىسىغا جۇغلاپتۇ .

ئۇ ئۆزىنى يولۋاستەك ،

گويا شىردەك چاغلاپتۇ،

چېرىك دېگەن تىترىشىپ ،

چىۋىن ئوخشاش چىرمىشىپ ،

سېيىت ئاخۇننى باغلاپتۇ .

ئاندىن بىر سۆز ئاڭلاپتۇ :

ھىچ گۇناھ يوق سىلەردە ،

خانىنىڭ ۋاجىپ يارلىقى ،

يۇرت جامائەت خوش ئەمدى .

رىزا بولۇنە قەشقەرلىك

ئۇلۇغ ئۇششاق بارلىقى .

يۇرت شۇ سۆزنى ئاڭلاپتۇ ،

يۇرەك باغرىن داغلاپتۇ .

كۆكرەك كېرىپ سرىيىت ئاخۇن ،

ئالغا ماڭغان چاغلاردا

ھەممە ھۆر - ھۆر يىغلاپتۇ .

ئەمدى گەپنى قەشقەرنىڭ دارېنلىرىدىن ئاڭلايمىز :

ئەمدى گەپنى قەشقەرنىڭ دارېنلىرىدىن ئاڭلايمىز :

ئۇ پۇقرالار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولغۇچە يوق قىلىۋەتمىسەك بىزگە ئامانلىق بولماس ، شۇڭا دەرھال سەكسەن چېرىك ھازىر بولسۇن ، سىيىت نوچىنى تۇتۇشقا يۈرسۇن ، سىيىت نوچى گۇندىخانىغا كەلتۈرۈلسۇن . سىيىت نوچىنى ئاشۇنداق كەلتۈرۈشتى . سىيىت نوچى ما تىتەينى كۆرمەك تەلىپىنى بەردى . تىتەي قوبۇل كۆردى . سىيىت نوچى شۇنداق دەپتۇ :

كېزىپ دەشتى باياۋان ،

ئاشتىم تاغ ـداۋان .

نەگە بارسام پۇقرانىڭ ،

ھالى بەك يامان .

رەڭگى سۇلغۇن، زەپىران،

باغرى لەختە قان .

ئىچكىنى ئوغا ، زەھەر ،

چەككىنى پىغان .

ئۇچتۇرپاندا ماتىتەي ،

يېزىپ بەردى خەت .

سىزگە تىلەپ ئامانلىق ،

بەخت ـ پاراغەت .

ما دوتەيىنىڭ خېتىنى ،

مەندىن ئالدىڭىز ،

ئەمدى نىچۈن بىلمىدىم ،

ئاينىپ قالدىڭىز ؟

ئەلقىسسە ، ما تىنتەي مۇئۇئەممبەرلىك بىلەن سېيىت گاڭگۇڭغا قاراپ قالدى ، خۇپسەنلىك بىلەن ھىچنىمىنى ئۇقماس كىشى بولىۋېلىپ ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشقا پۇرسەت تاپتى ، ھىلى مىكىرلىك نىقابىنى يۈزىگە تارتتى :

ھەي نوچى سېيىت گاڭگۇڭ ،

ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈم نامەڭنى،

سەن ئۆزۈڭ ئېلىپ كەپسەن ،

مېنىڭ بۇ يۇرىكىمگە ،

نادامەت سېلىپ كەپسەن .

خەت بىلەن مېنىڭ بىلسەڭ ،

كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى .

قانداق قىلىمىز ، گاڭگۇڭ ،

ئەجەپمۇ بېشىم قاتتى .

مەن ساڭا ئىدىم ئامراق ،

ئۆلتۈرەي سېنى قانداق ؟

ئۆلتۈرمەي دىسەم نوچى ،

خانىنىڭ يارلىغى شۇنداق .

ئەي ئامبال ـــ دېدى گاڭگۇڭ ، ـ

تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما .

خانىنىڭ ئالدىدا ئاسى ،

گۇناھكار بولۇپ قالما .

چېرىكلەرگە ئېيىت دەرھال .

مىلتىقىغا ئوق سالسۇن .

مويتۇڭزىغا ئېپچىقىپ ،
هايالسىز جېنىم ئالسۇن ،
ئەزىزانە قەشقەرلىك،
مېنى بىر كۆرۈپ قالسۇن ... !
جاللاتلار كېلىپ شۇ دەم ،
بويىنىغا تاقاق سالدى .
پۇتىغا سېلىپ ئىشكەل ،
زىندان باغرىغا ئالدى .
ئون تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتى ،
تاقىتى تۈگەپ كەتتى .
مەرت يىگىت سېيىت گاڭگۇڭ ،
سۆزىنى بايان ئەتتى ،
دىدى ئۇ : چىدامىم يوق ،
يا بۆلەك تەمەيىم يوق ،
كىلتۈرسەڭ بۈگۈن ئۆلتۈر ،
جۈمە كۈن كېلىپ يەتتى .
. . . . . .
جەم بولۇشتى ئامباللار ،
يەڭگۈشلىشىپ تامباللار .
داچەي هارۋۈنى قوش دەپ
يارلىق قىلدى دەرهاللا .
تۆت ئاتلىق يوغان هارۋا ،

تەييار بولدى تەخ بولدى .

سېيىت نوچىنى ئاتماقا ،

ئېلىپ ماڭار ۋاخ بولدى .

ئات هارۋىنى قاتقاندا ،

توققۇز پاي پو ئاتقاندا ،

تۆت دەرۋازىغا يۈزدىن

تۆت يۈز چېرىك پاتقاندا ،

يورغىلىشىپ هەريانغا ،

تېپىرلىشىپ ياتقاندا ،

تەشۋىش تولغان باشلىرى ،

قارا تاشتەك قاتقاندا ،

سېيىت نوچىنى چىڭ باغلاپ ،

ئوردا ئالدىغا ئېپ كەلدى .

ئۇ هارۋىدا تىك توختاپ ،

شۇنداق سۆزنى دەپ كەلدى :

خوش ، ئامان بول قەشقەرلىك ،

جانجىگەرلەر ـــ تۇققانلار .

بۇگۈن جۈمە قۇلاق سال ،

سۆز قەدرىنى ئۇققانلار .

جامائەت جەم بولۇپسىز ،

مېنىڭدىن بولۇڭ رازى .

مەهشەردە كۆرۈشكەيمىز ،

بولغىنىدا خۇدا قازى .

گۇناھسىز ئۆلەر بولدۇم ،

نادانلىق بالاسىدىن .

كىملەر قۇتۇلۇپ قالغان ،

زالىمنىڭ جازاسىدىن !

ئەي قەشقەرلىك ، قەشقەرلىك ،

مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار .

مەندەك بولماي دېسەڭلار ،

ھەرگىز نادان بولماڭلار .

نادانلىق ئېلىپ كەتتى ،

يىگىتلىكتە باشىمنى .

مېنىڭدەك ئېلىپ كەتكەن ،

ھاشىمدەك ئاداشىمنى .

جەتنى بىلمىگەن ئادەم ،

بېشىدا كېزەر ماتەم .

خەت بىلمەس نادانلارغا ،

قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم .

ئوقۇڭلار ئۆزۈڭلارمۇ ،

تەلىم ئالسۇن ياش باللا .

قەلبىڭلاردا قېپ قالسۇن

قىساسىڭلار ـــ ئەنتىڭلار !

. . . . . .

مەمەتخان ئىنىم قالدى ،
جان ئانام ئۇنى باقسۇن .
مەيلى ئاتسا زالىمالار ،
قەشقەرگە قېنىم ئاقسۇن .
قەبرەمنى كۆرۈپ خەلقىم ،
ئىبرەت ئالغۇسى مەندىن .
قان قەرزىم قىساسىمغا ،
ئۇمىد كۈتىمەن سەندىن .
رازى بولغىن قەشقەرلىك ،
ئەل - يۇرتداشلار خوش ئەمدى .
بىللە ئويناپ تەڭ ئۆسكەن
يارۇ دوستلار خوش ئەمدى !
. . . . . .
خالايىق نىدا ئەيلەپ ،
ياشنى تولدۇرۇپ كۆزگە .
مۇڭ ــ زارى ناۋا ئەيلەپ ،
چۈشتى نالىلىك سۆزگە :
كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى ،
بۇ كۈننى ساپتۇ بىزگە .
كۈن ئالماق بۇ قەشقەردە ،
بولمامادۇ راۋا بىزگە ؟ . . . !
بىرنى ئوق بىلەن ئاتسا ،

ئوننى جادۇغا باسسا ،
يۈزنى دارغا ئاسسا ،
مىڭلاپ گۇندىدا ياتسا ،
ئادەم بېشىنى توغراپ ،
تاغنىڭ تېشىغا قاتسا ،
دەرتمەن بىر گۇناھكارغا ،
مىڭىنى ئېلىپ چاتسا .
بۇ ئالەم زىمىستانلىق ،
بولدى بىر گۆرىستانلىق .
گۆرىستاندا ئۆتەرمۇ ،
بەختى قارا قەشقەرلىك ...
. . . . . .
سېيىت ئاخۇن ، سېيىت گاڭگۇك ،
يۇرتتىن رازىلىق ئالدى .
ھارۋىمۇ قومۇشبازىرى *
يېنىغا بېرىپ قالدى .
ئات ! دىدى سېيىت گاڭگۇك
ھارۋىدىن تۆۋەن سەكرەپ :
ئات جاللات ! ئۇدۇللاپ ئات ! !
يۈرەككە ئۇدۇل چەنلەپ .
چېقىر كۆزلۈك بىر جاللات ،
مىلتىقىنى راسا بەتلەپ ،

سېيىت گاڭگۇڭنىڭ ئالدىدا ،
تۇردى كۆزىگە تەڭلەپ .
ئارقا ياقتىن جىڭ جاللات ،
دەرھال تەپكىنى باستى .
پىستان چېقىپ مىلتىقى ،
ئۆزى يىقىلىپ ياتتى .
ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق ،
كېلىپ تەگدى تاغاققا .
سېيىت ئاخۇن دىدى شۇ دەم ،
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا :
مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات ،
نائۇستاق يېقىن كەلمە .
سول كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات ،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە . . . .
مە ، ھەققىڭنى ئاق تەڭگە
دىدى سۆزىنى باشلاپ .
بىر سەرلىك كۈمۈش پۇلنى ،
جاللات ئالدىغا تاشلاپ .
جاللات ئالدى ياچەننى
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ .
تەلەپكە مۇۋاپىق ئۇ ،
ئۇچ ماڭدام كېيىن قايتىپ .

. . . . . .

سېيىت ئاخۇن سېيىت گاڭگۇك ،

تىك تۇرار ئىدى سۆزلەپ .

ماداخۇ دىگەن جاللات ،

ئاتتى جايىنى كۆزلەپ .

يەتتە پاي ئوق تەككەندە ،

ئىگىز چىنار يىقىلدى .

ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ ،

كۆكتە چاقماق چېقىلدى . . .

قەشقەر ئاسمىنى بويلاپ ،

ئۇچمىغان بۈگۈن كەپتەر ،

سىم - سىم تۆكۈلەر يامغۇر ،

بۇلۇتلار كېزەر كۆكتە .

قاغىلار قاقىلدايدۇ ،

سېپىلدىكى پوتەيدە .

بىزگە شەپقەت بارمىكىن ،

شىيەنگەن بىلەن دوتەيدە ؟ !

دوتەي بىلەن شىيەنگەننىڭ ،

ئىچكەنلىرى قان بولدى .

قەشقەرلىكنىڭ كۆز يېشى ،

سەل بىلەن قىيان بولدى .

شىيەنگەن بىلەن دوتەينىڭ ،

كىملىگى ئايان بولدى .

دەرت تولغان يۈرەكلەردىن ،

بۇ سۆزلەر بايان بولدى .

سېيىت ئاخۇن ، سېيىت گاڭگۇڭ ،

جېنىدىن جۇدا بولدى .

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ

شۇڭقارى ئادا بولدى .

. . . . . .

سېيىت ئاخۇن ئۆلۈپ كەتتى ،

تۇپراققا كىرىپ كەتتى .

بۇ ئالەم ـ مۇسىبەتتىن

يۈرەككە خۇن تولۇپ كەتتى .

چالدى چاكىچاك قەشقەر ،

موڭ تولغان راۋابىنى .

ئايەم كۈنلىرى كەلسە

تەرك ئەتمەي تاۋابىنى .

موڭلۇق قەۋرىگە سۈركەپ ،

باغرىنىڭ كاۋابىنى .

ئوغلىغا دۇئا ئەيلەپ ،

يوللىغاي ساۋابىنى .

ئۆلمىسەك ئىچەرمىز دەپ ،

تاڭ ۋەسلى شارابىنى .

ئىزاھاتلار : ( 1 ) كوزىچى يارىشى ــ تۇمەن دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇپ لېۋىگە جايلاشقان مەھەللە ئىسمى .

( 2 )تۆشۈك دەرۋازا ــ قەشقەر شەرقى دەرۋازىنىڭ ئىسمى .

( 3 )سەپ ـــ بۇ يەردە شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زالىملارغا قارشى قوزغۇلغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ قەشقەردىكى شۆبىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ .

( 4 )ما تىتەي ــ 1911 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلغىچە قەشقەردە هۆكۈمرانلىق قىلغان فاشىست ھەربى ئەمەلدار ، ئەسلى ئىسمى ما پۈشىڭ .

( 5 )گېلاۋخۇي ھاشىم ــ يەكەنلىك ماھىر چامباشچى بولۇپ ، ئۇ گېلاۋخۇيغا قاتنىشىپ ، يەكەن ، قەشقەر ئەتراپىدا داڭق چىقارغان . ئۇنى كىشىلەر گېلاۋخۇي ھاشىم دەپ ئاتىغان .

( 6 )قارىغا ــ بەشكىرەمدە ھەزرەت يول ئايرىلىشىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى .

( 7 )قومۇش بازىرى ــ جاي ئىسمى .

مەنبە : ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى